2020 مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ئالاھىدە خەۋىرى

## ھەممە بىر نىيەتكە كېلىپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى | مۇھىم خەۋەرلەر

# «بۇ ۋەكىلنىڭ سۆزى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى»

(بېشى 1 - بەتتە)

كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى.

خەلق ۋەكىلىنىڭ خەلق سارىيىدا قىلغان سۆزلىرى باش شۇجىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

«بۇ ۋەكىلنىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، خۇبېيدا قۇتقۇزۇپ داۋالانغان 80 ياشتىن ئاشقان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقى 3000دىن ئاشىدىكەن، بۇلارنىڭ ئارىسىدا 87 ياشلىق بىر بوۋاي بولۇپ، ئەتراپىدىكى ئون نەچچە دوختۇر - سېستىرانىڭ نەچچە ئون كۈن كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن ئاخىر بوۋاينىڭ ھاياتى قۇتقۇزۇپ قېلىنىپتۇ. خەلق ھەممىدىن ئەلا دېگەن نېمە؟ شۇنچە كۆپ ئادەم بىر ئاغرىقنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولدى، بۇ، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانماسلىقنى ھەقىقىي نامايان قىلغانلىق» دېدى باش شۇجى شى جىنپىڭ.

«خەلق» — بۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىدە قىلغان مۇھىم سۆزىدىكى يادرولۇق، ئاچقۇچلۇق سۆز بولۇپ قالدى.

«قەدىمكىلەر: ‹خەلق بىلەن مەنپەئەتداش بولغانلارنى خەلق ھىمايە قىلىدۇ؛ خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە تەگكەنلەرنى خەلق يەكلەيدۇ› دېگەن. پارتىيە نىزامنامىسىدە: پارتىيەمىزنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە مەنپەئەتى يوق، پارتىيە ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ... دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئېغىر، زور يۇقۇم ئالدىدا، بىز باشلىنىشىدىلا خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدۇق. بىز پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە مەملىكەت بويىچە ئەڭ مۇنەۋۋەر دوختۇر، ئەڭ ئىلغار ئۈسكۈنە، ئەڭ جىددىي ئېھتىياجلىق بايلىقنى خۇبېي ۋە ۋۇخەنگە مەركەزلەشتۈرۈپ يۆتكەپ، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن يۇقۇملۇق كېسەل ئاغرىقلىرىنى قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا ئاتلاندۇق، قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىراجىتىنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت ئۈستىگە ئالدى».

«بىز ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانماي، ھاياتلىقنى قۇتقۇزدۇق، داۋالىدۇق. مەيلى يېشىنىڭ قانچىلىك چوڭ بولۇشى، كېسەللىكنىڭ قانچىلىك ئېغىر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ھەرگىز ۋاز كەچمىدۇق، بۇ قېتىملىق يۇقۇمغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە، بىز مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇتقۇزغان، داۋالىغان يېشى ئەڭ چوڭ ئاغرىق 108 ياشتا».

باش شۇجى خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ئىدىيەسىدىن، خەلقنىڭ كۈچى ھەققىدە توختالدى.

«‹كۆپنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنالايدىغانلارنىڭ جاھاندا تەڭدىشى يوق؛ كۆپنىڭ ئەقىل - پاراستىدىن پايدىلىنالايدىغانلار ئەۋلىيادىن ھېيىقمىسمۇ بولىدۇ›. مەن شۇنى قايتا - قايتا تەكىتلەيمەنكى، خەلق پارتىيەمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىكى ئەڭ زور ئاساس، بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش كۈرىشىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەت سەپەرۋەر قىلىنىپ، پۈتۈن خەلق قاتنىشىپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىپ، بىرلىشىپ تىزگىنلەپ، ئامما ئالدىنى ئېلىپ، ئامما تىزگىنلەپ، ئەڭ پۇختا ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ، يىمىرىلمەس قۇدرەتلىك كۈچ مۇجەسسەملەندى. كەڭ خەلق ئاممىسى داۋلىنى تونۇپ، ئومۇملۇققا ئېتىبار بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش كۈرىشى چوڭ ۋەزىيىتىگە ئاڭلىق ماسلىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنىڭ ئۇلۇغ كۈچىنى شەكىللەندۈردى».

ئۇ خەلقنىڭ كۈچىگە ئاپىرىن ئېيتىشتىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پۈتۈن پارتىيەنى خەلققە ئۈزلۈكسىز بەخت يارىتىشقا ئاگاھلاندۇردى.

«بىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشىمىز تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش ئۈچۈندۇر. باشتىن - ئاخىر خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشىشى، غەم - ئەندىشىسى، ھال - ئەھۋالىنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشقا ئورۇنلىشىش، مائارىپ، ئىجتىمائىي كاپالەت، داۋالىنىش، تۇرالغۇ، كۈتۈنۈش، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى، جەمئىيەت ئامانلىقى قاتارلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەل قىلىپ، بىرمۇبىر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، يىلنى يىلغا ئۇلاپ ئىشلەپ، تىرىشىپ ئاممىغا ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىتىش، ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرۈش كېرەك».

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، باش شۇجى كۆپچىلىككە يېقىندا سەنشىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا ھېس قىلغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى:

«مەن داتۇڭدا ئورگانىك سېرىقگۈلنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش بازىسىدا كەنت ئاھالىلىرىگە مۇنداق دېدىم: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى خەلق ئۈچۈن ئىش قىلىش، خەلققە بەخت يارىتىشنى ئەڭ مۇھىم سىياسىي نەتىجە قىلىدۇ، پۇقرالار ئۈچۈن قانچىلىك ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلغانلىقنى سىياسىي نەتىجىنى سىناشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى قىلىدۇ. بىزنىڭ پارتىيە ئەزالىرىمىز، كادىرلىرىمىز، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلىرىمىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشى كېرەككى، ئۆز قولىدىكى ھوقۇقنى، ئىشلەۋاتقان ئىش ئورنىنى پارتىيە ۋە خەلق بەرگەن، پارتىيە ۋە خەلققە ئىش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن بەرگەن، پەقەت خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش ئۈچۈنلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ». «توغرا ھوقۇق قارىشى، سىياسىي نەتىجە قارىشى، كەسىپ قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، شۆھرەتپەرەسلىككە بېرىلمەي، مەۋھۇم ئىش قىلماي، قۇرۇق نام قوغلاشماي، قەيەردە ئەمەل تۇتسا شۇ يەرگە بەخت يارىتىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك».

«بىزنىڭ پارتىيەمىز ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جەزمەن خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك ئالاقىنى مەڭگۈ ساقلاپ، باشتىن - ئاخىر خەلق ئاممىسى ئويلىغانىنى ئويلىشى، بىللە ئىشلىشى، ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولۇشى، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇشى كېرەك.» باش شۇجىنىڭ سۆزى چوڭقۇر ھەم مەنىلىك ئىدى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

خىزمىتىدىن دوكلات ۋە تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى قاراپ چىقتى. ئەزالار مۇنداق بىلدۈردى: ئىككى دوكلاتتا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئومۇميۈزلۈك سىڭدۈرۈلگەن، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلغان، دەۋر ئالاھىدىلىكى، ئەمەلىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزنى يۇقىرى سۈپەتتە ئادا قىلىشىمىز ئۈچۈن خىزمەت يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

ئەزا خې چېڭگاڭ مۇنداق دېدى: دوكلاتنىڭ سىياسىي يۈكسەكلىكى يۇقىرى بولۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش، ئەزالارنىڭ ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ. مەن نەزەرىيە ئۆگىنىش ۋە ئىدىيە جەھەتتىن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە چارە - تەدبىر كۆرسىتىش، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشنى زىچ چۆرىدەپ، دۆلەت ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، خەلق ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تاماملاش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن.

ئەزا دىلشات ياقۇپ مۇنداق دېدى: دوكلاتتا ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى ۋە ئەزالىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قوش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش داۋامىدا مەسئۇلىيەتچانلىقنى نامايان قىلغانلىقى، پائال تۆھپە قوشقانلىقى يۈكسەك مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپتۇ، بۇ، كىشىنى چەكسىز ئىلھاملاندۇرىدۇ. مەن دىققىتىمنى داۋاملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى ئالغا سىلجىتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش قاتارلىق نىشان - ۋەزىپىلەرگە يەنىمۇ مەركەزلەشتۈرۈپ، پائال تۈردە مەسئۇلىيىتىمنى تولۇق ئادا قىلىمەن، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەيمەن.

ئەزا ياڭ جيې مۇنداق دېدى: دائىمىي كومىتېت خىزمىتىدىن دوكلاتتىكى «خاراكتېر ۋە ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ ھوقۇق ئورگىنىمۇ، قانۇن چىقىرىش ئورگىنىمۇ بولماستىن، بەلكى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان، ‹بىزدە بولغىنى ئۇلاردا يوق، بىز قىلالىغانى ئۇلار قىلالمايدۇ› دېگەن سىياسىي ئەۋزەللىكنى گەۋدىلەندۈرىدىغان سىياسىي تەشكىلات ۋە دېموكراتىك شەكىل» قاتارلىق بايانلار بىزنى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ فۇنكسىيەسى، ئورنىغا نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن مەن ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئىشەنچلىك بولۇش، پۇت تىرەپ تۇرۇش، دادىل ئوتتۇرىغا چىقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئالاقىلىشىدىغان ساھەدىكى ئاممىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى يېتەكلەپ بىللە ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئورتاق بېسىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن.

---

(بېشى 4 - بەتتە)

## 06 خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشنى چۆرىدەپ، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش

گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەرگەندە مۇنداق دېدى: قىيىنچىلىق ئالدىدا، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىنىڭ تۆۋەن چېكىنى قەتئىي چىڭ ساقلاپ، ئاممىۋى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىشلارنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش كېرەك.

ئاممىۋى ساغلاملىق سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىمىز. ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، يۇقۇملۇق كېسەلنى بىۋاسىتە مەلۇم قىلىش ۋە ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقۇم ئەھۋالىغا ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا ئاشكارىلاش، ئوچۇق تۇتۇش، ئېلان قىلىشتا چىڭ تۇرىمىز. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە زايومىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ۋاكسىنا، دورا ۋە تېز تەكشۈرۈش تېخنىكىسىغا دائىر تەتقىقات سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ۋە داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئەسلىھەلەرنى كۆپەيتىمىز، كۆچمە تەجرىبىخانىلارنى كۆپەيتىپ، جىددىي تاقابىل تۇرۇش ئەشيالىرى كاپالىتىنى ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ سەھىيە يۇقۇم مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىمىز. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرىمىز. ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، يۇقۇم قايتا كۆچىيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قەتئىي ساقلايمىز.

ئاساسىي داۋالاش مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىمىز. ئاھالىنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئۈچۈن كىشى بېشىغا بېرىلىدىغان مالىيە ياردىمى ئۆلچىمىنى 30 يۈەن كۆپەيتىمىز، ئامبۇلاتورىيە خىراجىتىنى ئۆلكە ھالقىپ بىۋاسىتە راسچوت قىلىش ئۈستىدە نۇقتىدا سىناق ئېلىپ بېرىشنى قانات يايدۇرىمىز. يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان داۋالاش ئاپپاراتلىرىغا يار - يۆلەك بولىمىز، جۇڭگو تېبابىتى - دورىگەرلىكىنىڭ گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز، يېمەكلىك - دورىغا قارىتىلغان نازارەتچىلىك - باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، بىخەتەرلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

مائارىپنىڭ ئادىل تەرەققىي قىلىشى ۋە مائارىپ سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولىمىز. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە، ئوقۇتۇش خىزمىتى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى خىزمىتىنى تەرتىپلىك تەشكىللەيمىز. يېزا - بازارلاردىكى ياتاقلىق مەكتەپ ۋە ناھىيە بازىرىدىكى مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىمىز، ئالاھىدە مائارىپ، داۋاملاشما مائارىپنى ياخشى يولغا قويىمىز، پۇقراۋى مائارىپنى قوللاپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، پۇقراۋى يەسلىلەرنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىمىز. ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئالىي مەكتەپ ۋە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان پەن قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. ئالىي مەكتەپلەرگە يېزا ۋە نامرات رايونلاردىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىمىز. سېلىنما قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، مائارىپ بايلىقىدىن بارلىق ئائىلىلەر ۋە بالىلارنى مەنپەئەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنى تېخىمۇ پارلاق ئىستىقبالغا ئېرىشتۈرىمىز.

ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرىمىز. پېنسىيەگە چىققانلارنىڭ ئاساسىي كۈتۈنۈش پۇلىنى ئۆستۈرىمىز، شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي كۈتۈنۈش پۇلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمىنى يۇقىرى كۆتۈرىمىز. مەملىكەت بويىچە 300 مىليونغا يېقىن ئادەم كۈتۈنۈش پۇلى ئالىدۇ، بۇنى چوقۇم ۋاقتىدا، تولۇق تارقىتىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەربىيدىن چېكىنگەنلەرگە نەپىقە بېرىش ۋە ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز. خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغانلارغا نەپىقە بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز. ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنىڭ كاپالەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، سۇغۇرتىغا قاتناشقىنىغا بىر يىل توشمىغان دېھقان ئىشلەمچىلەر قاتارلىق ئىشسىزلارنىڭ ھەممىسىنى دائىم تۇرۇشلۇق ئورنىدا كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزىمىز. تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، شەھەر - يېزىلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەردىن كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈشكە تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزىمىز، شەھەر - بازارلاردىكى ئىشسىزلار ۋە يۇرتىغا قايتقانلاردىن شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىنى ۋاقتىدا تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىمىز. ئاپەت، كېسەللىك سەۋەبىدىن ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقتا قالغانلارنى قۇتقۇزىمىز. قىيىنچىلىقتا قالغان بارلىق ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىمۇ ئىشسىز قالغان تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا، دادىل ئىگىلىك تىكلىشىگە ياردەم بېرىمىز.

ئاممىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىمىز. سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن، ئاخبارات - نەشرىياتچىلىق، رادىيو - كىنو - تېلېۋىزىيە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارلىق ئىشلارنى راۋاجلاندۇرىمىز. ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە قىشلىق مېيىپلەر ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق كۆرىمىز، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنى ھاياتى كۈچكە تولغان، ئالغا باسىدىغان، ياخشىلىققا ئىنتىلىدىغان بولۇشقا يېتەكلەيمىز.

جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىمىز ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىمىز. مەھەللە مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز. ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى، پىدائىيلار مۇلازىمىتى، خەيرىيەت ئىشلىرى قاتارلىقلارنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى قوللايمىز. ئاياللار، باللار، ياشانغانلار ۋە مېيىپلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرىمىز. ئەرزىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن ياردىمىنى كۈچەيتىپ، ئاممىنىڭ ئورۇنلۇق تەلىپىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىمىز. 7 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرىمىز. دۆلەت خەۋپسىزلىكى جەھەتتىكى ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىمىز. تۈرلۈك جىنايەتلەرگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئەمىن جۇڭگو قۇرىمىز.

بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىمىز. كەلكۈن - ھۆلچىلىك ئاپىتى، ئوت ئاپىتى، يەر تەۋرەش ئاپىتى قاتارلىق ئاپەتلەردىن مۇداپىئەلىنىشنى كۈچەيتىپ، مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، جىددىي قۇتقۇزۇش ۋە ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتنى يېنىكلىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىمىز. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى مەخسۇس تۈزەشنى يولغا قويىمىز. ئېغىر، پەۋقۇلئاددە زور ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى قەتئىي توسىمىز.

## 07 ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى

گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەرگەندە مۇنداق دېدى: مۈشكۈل، ئېغىر ۋەزىپە ئالدىدا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە ۋە ھەرىكەت جەھەتتە ئاڭلىق ھالدا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، خەلقنى مەركەز قىلغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشتە، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارىتىنى قانۇن بويىچە قوبۇل قىلىشى، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دېموكراتىك نازارەتچىلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى، جەمئىيەت نازارەتچىلىكى ۋە ئاممىۋى پىكىر نازارەتچىلىكىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىشى كېرەك. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ھۆكۈمەت خادىملىرى قانۇننىڭ، رېۋىزىيەنىڭ ۋە خەلقنىڭ نازارەتچىلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى كېرەك. پاك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىكنى قەتئىي جازالاش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىپ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، مەۋقەنى ئۆزىنىڭ ئىشىنى تىرىشىپ ياخشى قىلىشقا قويۇشى كېرەك. «تۆت خاھىش»نى زور كۈچ بىلەن تۈزەپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى ئىشلەش، ئىگىلىك تىكلەش داۋامىدا پۇت - قولىنى چۇشەپ تۇرىۋاتقان شەكلۋازلىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالىدىغانلارنى مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىدىغانلارنى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. خەلق ئاممىسىغا يېقىندىن تايىنىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىجادكارلىق روھىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ زور سالماق بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، يۈز مىليونلىغان ئاممىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى مۇجەسسەملەش كېرەك، بۇ، بىزنىڭ بارلىق قىيىنچىلىق ۋە خىرىسلارنى يېڭىشتىكى ئاساسىمىز. كەڭ كادىرلار قىيىنچىلىقتىن باش تارتماي، ئەمەلىي ئىشلەشنى مۇھىم بىلىپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ تەرەققىياتنى چىڭ تۇتۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بىز باشتىن - ئاخىر خەلق ئاممىسى بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغانلا بولساق، جۇڭگو خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇش ئارزۇسىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز.

بۇ يىل «14 - بەش يىللىق» يىرىك پىلانىنى ياخشى تۈزۈپ چىقىپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ چىقىشىمىز كېرەك.

(ئاخىرى 8 - بەتتە)